# 309691 - پايپاق ئىشتانغا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

ئىشتان بىلەن تۇتاش بولغان پايپاققا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟(بىر قىسىم ئاياللار كىيىدىغان خۇددى بالېت ئۇسۇلى ئوينايدىغان ئۇسۇلچىنىڭ ئىشتىنىغا ئوخشاش)بۇ ئىشتاننى سۆرەلتىۋىلىشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر پايپاق پۇتنىڭ ھوشۇقىنى ياپىدىغان بولسا، ئۇنى تولۇق تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنى ئىككى پۇتنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن كەيگەن بولسا، كىيىن تاھارەت ئالغاندا بۇ پايپاقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلسا توغرا بولىدۇ. پايپاققا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى بىلىش ئۈچۈن 9640-12796- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىغا قارالسۇن.

پايپاق ئىشتانغا تۇتاش بولسا بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق، بۇ ئىشتاننى سۆرەتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.